# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 7 - ئاي
29
دۈشەنبە
维吾尔文 7月29日

新疆日报网: www.xjdaily.com  شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报  شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24771 - سان  بۈگۈن 4 بەت


## مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «ئوت مۇداپىئە قانۇن ئىجراسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** 2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 7 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «ئوت مۇداپىئە قانۇن ئىجراسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدى) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئوت مۇداپىئە قانۇن ئىجراسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى، تەسراتى، ھېس قىلغانلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى، ئالماشتۇردى

# باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق مۇقىملىق، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

**چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى  سۇڭ يۈيىڭ، جېن دېشۇي، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى**

### ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى سۇڭ يۈيىڭ، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جېن دېشۇي ۋە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. يىغىندىن ئىلگىرى، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى 15 - قېتىم كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلغاندا، ئىچكى موڭغۇلنى تەكشۈرگەن ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگەندى.

يىغىندا، چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، ياڭ شىن پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن يازمىچە سۆزىنى تاپشۇردى. كۆپچىلىك ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش تەسراتىنى ئالماشتۇردى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 9 - قېتىملىق يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى، گۈيجۇ شۇيچېڭدىكى «7·23» پەۋقۇلئاددە زور تاغ گەۋدىسى گۈمۈرۈلۈش ئاپىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى؛ ئالدىنقى يېرىم يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 9 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى، گۈيجۇ شۇيچېڭدىكى «7·23» پەۋقۇلئاددە زور تاغ گەۋدىسى گۈمۈرۈلۈش ئاپىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى؛ ئالدىنقى يېرىم يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى، ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيەمىزنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 9 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى كونكرېت ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى چۆرىدەپ، بەزى قاراتمىلىقى، ئىجادىيلىقى ئىگە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا قىيىنلىق دەرىجىسى زور، تەسىر دائىرىسى كەڭ، ھەر مىللەت ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئەمەلىي تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، كۈچەپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىگە قارىتا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە قويغان يېڭى تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلىرىنى توغرا ئىگىلەپ، پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىجادىي ياخشى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيەت - ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### سەلتەنەتلىك 70 يىل  كۆرەشچان يېڭى دەۋر



ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1800 مېتىر كېلىدىغان ئىلى دەرياسى پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈكى (7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تارتىلغان). □ لەي يۈنىڭ فوتوسى

ئۇنتۇلغۇسىز ئاشۇ دەقىقە

## ئىلى دەرياسىدىكى كۆۋرۈكلەر

□ مۇخبىرىمىز زوۋ يى

«1975 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سائەت 9دا، ئىلى دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىدە قاتناش باشلاندى، نەق مەيداندا قىزىل بايراقلار لەپىلدەپ، رەڭدار بايراقلار يەلپۈنۈپ تۇراتتى، كونا كېچىكنىڭ ئىككى قىرغىقى نەچچە ئون مىڭ ئادەم بىلەن تولغانىدى.» بىغتۇەن 4 - شىسىنىڭ تەشۋىقات خىزمەتچىسى لى يۈەن فوتو ئاپپارات بىلەن ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىنى خاتىرىلىۋالدى. بۇ، ئىلى دەرياسىدا سېلىنغان 1 - چوڭ كۆۋرۈك بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300.84 مېتىر ئىدى. ئىلى دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىدە قاتناش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئامما، ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى دەريادىن ئۆتۈشتە كېچىك كېمىسىگە تاياناتتى. ئىلى دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ پۈتۈشى ئىلى دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



1975 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئىلى دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىدە قاتناش باشلانغان كۈنى، غۇلجا شەھەر ئاھالىلىرى كۆۋرۈك يېنىدا مۇراسىمنى كۆرمەكتە. □ لى يۈەن فوتوسى

## بارغانسېرى كۆپ ئاپتوموبىل تۇرپاندا «ئىسسىقنىڭ سىنىقى»نى باشتىن كەچۈردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار سۇن شاۋشيۇڭ، ئا مەن)** سىزنىڭ تەسراتىڭىزدىكى تۇرپاندا نېمىلەر بار؟ باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىدىكى تاتلىق - خۇش پۇراقلارغا تولغان بۈيلۇقمۇ؟ «غەربكە ساياھەت»تىكى تاڭ سېڭ ئۇستاز ۋە شاگىرتلىرى خەتەر ئىچىدە ھاياتلىق يولى تاپقان يالقۇنتاغمۇ؟ ياكى شەھەرنىڭ غەربىدىكى 360 چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقان گۈزەل قىز ئالمىخانمۇ؟

«ئوت يۇرتى» دەپ نام ئالغان تۇرپاندا بۈگۈنكى كۈندە يەنە بىر يېڭى «تەسرات» كۆپەيدى: بۇ جايدا دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قۇرغاق ئىسسىق تەبىئىي مۇھىت سىناق بازىسى —— شىنجاڭ تۇرپان تەبىئىي مۇھىت سىناق تەتقىقات مەركىزى بار. بۈگۈنكى كۈندە، بارغانسېرى كۆپ ئاپتوموبىل كارخانىلىرى تومۇز ئىسسىقتا ھەرقايسى جايلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ، تۇرپاننى ئاپتوموبىل ئىسسىق رايونى سىنىقى قىلىشتىكى ئالدىن تاللاش جايى قىلىپ، «ئىسسىق ئىقتىساد»نى بارلىققا كەلتۈردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تارقىتىلىرى سېپى

新疆头条 APP  微信公众号  新疆日报网  天山网 APP


بايلىقلار بىرلەشتۈرۈلدى  كەسپلەر يۇغۇرۇلدى

## تارباغاتاي ۋىلايىتى پۈتۈن رايون ساياھىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلىمەكتە

تەرەققىيات مۆۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **لى جيەنپىڭ، ليۇ شياڭ، رايىدە** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە جەمئىي 4 مىليون 643 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 52.6% ئاشتى؛ ساياھەت ئۇنىۋېرسال كىرىمى 4 مىليارد 280 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 51.7% ئاشتى. 2020 - يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ساياھەت يىلىدا كۈتۈۋالغان ئادەم سانىنى 10 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشۇرۇپ، ساياھەت ئومۇمىي ئىستېمالىنى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن رايون ساياھەت ئەندىزىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تىرىشىپ شەكىللەندۈرىدۇ» دېدى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى مۇخىيات جارمۇخامەت.

ھازىر، دەل تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى بارلىق تېغدا تاغ گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان چاغ بولۇپ، جياڭسۇدىن كەلگەن ساياھەتچى چىن شياڭخېڭ قولىدىكى ئاپپاراتتا «تاراسلىتىپ» توختىماي سۈرەتكە تارتىۋاتاتتى. «مەن كۆپرەك سۈرەتكە تارتىپ، ئىلىپ كېتىپ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمگە كۆرسىتىمەن، ئۇلار چوقۇم ھەم ھەۋەس قىلىدۇ، ھەم ئىنتىلىدۇ» دېدى چىن شياڭخېڭ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)